# 36577 - ناماز ئوقۇمايدىغان دادا ئۈچۈن ۋاپاتىدىن كېيىن ھەج قىلىپ قويۇش توغرىسىدا

## سوئال

دادام ۋاپات بولغىلى ئۇزۇن زامان بولدى، بىلىشىمچە ئۇ ناماز ئوقۇمايتتى. سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ، ئۈچ قېتىم ھەج قىلدىم، ئاخىرقى قېتىم قىلغان ھەجنى دادام ئۈچۈن قىلغان ئىدىم. ئەمما مەن ناماز ئوقۇمىغان كىشىنىڭ شەرئى ھۆكۈمدە كاپىر ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە دادامنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ تولىمۇ بىئارام بولدۇم. سوئالى: دادام ئۈچۈن قىلغان ھەج توغرىمۇ؟، ئۇ ھەج دادامنىڭ نامازلىرىغا كاپارەت بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەلمەدھىيلەر ئالەملەرنىڭپەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

بۇ سوئال شەيخمۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىنرەھىمەھۇللاھدىن سورالغاندا، ئۇ مۇنداقدېگەن: “سوئال سورىغۇچى ئۆزىنىڭ ئۈچقېتىم ھەج قىلغانلىقىنى بايان قىلىپتۇ، توغرىسى ھەجھاياتىدا بىر قېتىم پەرز بولىدۇ، بۇ توغرىداپەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداقدېگەن: **«ھەج بىر قېتىم بولىدۇ،ئۇنىڭدىن ئارتۇقى نەپلىدۇر.»** سىزنىڭئۈچ قېتىم ھەج قىلدىمدەپ ئېيادىلىگىنىڭىز توغرا بولمايدۇ، ھەج بىرقېتىم بولىدۇ. سىز ناماز ئوقۇمايدىغان دادىڭىزئۈچۈن ھەج قىلغانلىقىڭىزنى بايان قىلىپسىز، نامازئوقۇمىغان كىشى شەرئى ھۆكۈمدە كاپىر بولىدۇ،كاپىرلار ياخشى ئەمەللەردىن مەنپەئەتلىنەلمەيدۇ،ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن كەچۈرۈم سوراش،ئىستىغپار ئېيتىش توغرا بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالامۇنداق دېگەن: ﴿مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَن يَسْتَغْفِرُوالِلْمُشْرِكِينَ وَلَوْ كَانُوا أُولِي قُرْبَىٰ مِن بَعْدِ مَا تَبَيَّنَلَهُمْ أَنَّهُمْ أَصْحَابُ الْجَحِيمِ﴾ تەرجىمىسى: **«پەيغەمبەرگە ۋەمۆمىنلەرگە مۇشرىكلارنىڭ ئەھلى دوزاخئىكەنلىكى ئېنىق مەلۇم بولغاندىن كېيىن،مۇشرىكلار ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولغان تەقدىردىمۇ،ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇسئەمەس.»** [سۈرە تەۋبە113-ئايەت].

لېكىندادىڭىز بەزى ۋاقىتتا ناماز ئوقۇغان بولسا ياكىكاپىرلىقىدا شەك قىلىنسا، سىزنىڭ ئۇنىڭ ئۈچۈنھەج قىلىشىڭىز توغرا بولىدۇ. دۇئا قىلغاندا: **«ئى ئاللاھ!ئەگەر دادام مۆمىن ھالەتتە ۋاپات بولغانبولسا، ئاشۇ قىلغان ھەجنىڭ ساۋابىنى دادامئۈچۈن قىلغايلا»** دەپ دادىڭىزنىڭمۆمىنلىكىگە شەرت قىلىپ قىلسىڭىزبولىدۇ، چۈنكى دۇئاۋە ئىبادەتتە شەرت قىلىپ قىلسا بولىدۇ.بۇنىڭ دەلىلى، ئىبادەتتە بولسا:پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام زەبائە بىنتىزۇبەيرئۆزىنىڭ ھەج قىلىشنى مەقسەتقىلغانلىقىنى ئەمما كېسەل ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندا،ئۇنىڭغا: **«سىز شەرت بىلەن ھەج قىلىڭ،سىزگە ئاللاھ تائالاغا شەرت قىلغان نەرسە بولىدۇ.»**دېگەن. [بۇخارى رىۋايىتى5089 -ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1207-ھەدىس].

ئەممادۇئادا: ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن:{وَالْخَامِسَةُ أَنَّ لَعْنَتَ اللَّهِ عَلَيْهِ إِن كَانَ مِنَ الْكَاذِبِينَ}تەرجىمىسى:
**«بەشىنچى قېتىمدا: ئەگەرىيالغانچى بولسام ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن،دېسۇن.»** [سۈرە نۇر 7- ئايەت].